# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىر كۈنىدە: «بۇ جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش كىيىمىنى كېيىپ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەن

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەدىر كۈنىدە: «بۇ جىبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش كىيىمىنى كېيىپ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇرىدۇ» دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ تېمىسى: پەرىشتىلەرنىڭ بەدىر ئۇرۇشىدا جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇرۇشقا ھازىر بولغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خەۋەر بېرىپ، ئۆزىنىڭ بەدىر كۈنىدە، جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنى مۆمىنلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش كىيىمى كىيىپ، ئاتقا مىنىپ ھازىر بولغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مەدەت ۋە ياردەم شۇنداقلا ساھابىلارنى كۈچلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/10554

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee